## 283894 ـ سىزنىڭ دوستلىرىڭىزنىڭ خۇسۇسىي ئالاھىدىلىكىنى بىلەلەيمىز دەپ ئېلان بەرگەن تور بەتلىرى بىلەن ماسلىشىپ مۇئامىلە قىلىشنىڭ ھۆكمى؟

### سۇئال

مەن ھازىرقى ۋاقىتتا پەيسبۇك ۋە تور بەتلىرىدە كەڭ تارقىلىۋاتقان ۋە يولغا قويۇلغان، سىزنىڭ دوستلىرىڭىز توغرىسىدا: پالانى سىزنىڭ سىرىڭىزنى ساقلايدۇ، پالانى سىزگە بەك سەمىمىي، دائىم سىزنىڭ تەرىپىڭىزدە تۇرىدۇ، پالانى سىز بىلەن قوش-كېزەكتەك كۆرۈنىدۇ، پالانى سىزگە خۇرسەنلىك ئەپ كېلىدۇ دېگەندەك بەزى ئىشلار توغرىسىدا سوئال سوراشنى خالاپ قالدىم، بۇ ئىشلارنى تارقىتىشنىڭ شەرىئەتتىكى ھۆكمى قانداق؟. بۇ مۆچەل ھۆكمىگە كىرەمدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بۇ تەتقىقات ئىشلىرى توغرىسىدا توختالمايمىز. لېكىن ئومۇمىي بىر شەكىلدە، كېسىپ ئېيتىمىزكى: غەيبى ئىشلارنى ئاللاھدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ، ھېچبىر كىشىنىڭ: پالانى سىزنىڭ سىرىڭىزنى ساقلايدۇ، ياكى سىزگە سەمىمىي ياكى سىزگە خۇرسەنلىك ئېلىپ كېلىدۇ دېگەندەك ئىشلارنى بىلىشى مۇمكىن ئەمەس، پەقەت بۇنى شۇ كىشى بىلەن مەلۇم مۇددەت ئارىلىشىپ يۈرگەندە ياكى ئۇ كىشى ئۆز قارشى بىلەن سىز توغرىلىق خەۋەر بەرگەندە ئاشكارا بولىدۇ، شۇنداقتىمۇ بۇمۇ گۇمان دائىرىسىدە بولىدۇ، ئىشەنچىلىك خەۋەر بولمايدۇ.

مەسىلەن: مەن بۇ دوستۇمنى كۆرسەم خۇرسەن بولىمەن، يوقىتىپ قويسام بىئارام بولىمەن دېسىڭىز، بۇنىڭدىن بۇ دوست سىزگە بەخت-خۇرسەنلىك ئېلىپ كېلىدۇ دېگەن ئۇقۇم ئىپادىلىنىدۇ.

ئەگەر پالانى مەن قايغۇرسام قايغۇرىدۇ، قىيىنچىلىق ۋاقىتتا مەن بىلەن بىرگە بولىدۇ، ھادىسىگە ئۇچرىغاندا ياردەم بېرىدۇ، ماڭا دائىم توغرا يول كۆرسىتىپ، نەسىھەت قىلىدۇ دېسىڭىز، سىزگە: ئۇ كۆرۈنۈشتە سىزگە سەمىمىي ئىكەن، ئۇنىڭ سىرلىرىنى ئاللاھ بىلگۈچىدۇر دېيىلىدۇ. لېكىن شۇنى بىلىشىڭىز كېرەككى، بۇنىڭ ھەممىسى پايدىسىز ياكى غەيىپتىن سۆزلەشتىن ئىبارەتتۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن: بۇ تۆردىكى دىتاللار ئىككى ئىشتىن خالى بولمايدۇ:

بىرىنچى: بۇ دىتاللار سىزگە ئىلگىرى بىلدۈرۈلگەن ماتېرىياللارغا ئاساسەن دوستىڭىزنىڭ سۈپىتىنى بىلدۈرىدۇ، بۇنى ھەر قانداق بىر كىشى قىلالايدۇ، بۇ تاشقى كۆرۈنۈشكە ئاساسەن بولىدۇ، ئىش ئۆزىنىڭ ھەقىقىتى بويىچە بولمايدۇ، نۇرغۇن ئالدامچىلار بار، كۆرۈنىشى ئىشەنچىلىك دوستتەك، ئەمما قىلمىشى ئۇنىڭ ئەكسىچە.

نۇرغۇن كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار ئۆز ھەمراھىغا دائىم ياخشىلىق قىلىدۇ، ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىنى ئىززەت-ئىكرام قىلىدۇ، ئاندىن ئۇ كىشىدىن بىرەر خاتالىق سادىر بولۇپ قالسا، قارشى تەرەپ ئۇنىڭ يىللارچە قىلغان ياخشىلىقلىرى، ئىززەت-ئىكراملىرىنى ئۇنتۇپ، بىر خاتالىقىنى تۇتقا قىلىپ ئۇنىڭدىن ئاغرىنىدۇ.

ئىككىنچى: بۇ دىتاللار ئىلگىرىكى بىلدۈرۈلگەن ماتېرىياللارغا تايانمايدۇ، پەقەت دوستىڭىزنىڭ ئىسمى ياكى تۇغۇلغان ۋاقتى ياكى رەسىمى ياكى ياساپ چىققان رەسىمگە تايىنىپلا سىزگە ئۇنىڭ سۈپەتلىرىدىن مەلۇمات بېرىدۇ، بۇنىڭ ھەممىسى غەيىپتىن خەۋەر بېرىش ۋە غەيىپنى بىلىمەن دېگەنلىكتۇر، بۇ تۈردىكى دىتاللارغا ئىشىنىش ۋە بۇنىڭ بىلەن مۇئامىلە قىلىش توغرا بولمايدۇ. بۇ توغرىدا سەھىيە بىنتى ئەبۇ ئۇبەيد پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ بەزى ئاياللىرىدىن، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بايان قىلغان ھەدىستە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «رەمچى-پالچىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭدىن غەيىپتىن بىر نەرسە سورىغان كىشىنىڭ قىرىق كۈنلۈك نامىزى قوبۇل بولمايدۇ.» [مۇسلىم رىۋايىتى 2230-ھەدىس].

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «رەممال-پالچىنىڭ يېنىغا بېرىپ غەيىپتىن بىر نەرسە سوراپ، ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنگەن كىشى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان دىننى ئىنكار قىلغان بولىدۇ». [تىرمىزى رىۋايىتى 135-ھەدىس. ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى 3904-ھەدىس. ئىبنى ماجە رىۋايىتى 639-ھەدىس. شەيخ ئەلبانى سەھىھ دەپ، تىرمىزىنىڭ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىدا كەلتۈرگەن].

121011 -نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىدا: بىر كىشىنىڭ شەخسىيىتىنى ئىلمى ئاساسقا تايىنىپ تەھلىل قىلىش بىلەن رەمباللىق-پالچىلىق قارشىغا تايىنىپ تەھلىل قىلىشنىڭ ئارىسىدىكى پەرقىنىڭ بايانى سۆزلەنگەن بولۇپ، شۇنىڭغا مۇراجىئەت قىلىنسۇن.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.